# CHINA | جوڭگو (خىتاي)

## USCIRF– RECOMMENDED FOR COUNTRIES OF PARTICULAR CONCERN (CPC)

ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى (USCIRF) ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەقىل، بىتەرەپ ئورگىنى بولۇپ، چەت ئەللەردىكى دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى نازارەت قىلىدۇ. بۇ كومىتېت 1998-يىل تۈزۈلگەن خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قانۇن لايىھىسى(IRFA) گە ئاساسەن قۇرۇلغان بولۇپ، چەت ئەللەردىكى دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش ئەھۋالىنى خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە نازارەت قىلىدۇ ھەمدە پرېزىدېنت، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مەجلىسگە سىياسىي مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ كومىتېت ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن پەرقلىنىدىغان مۇستەقىل ئورگان.

2020-يىللىق دوكلات مەزكۇر ئورگاندىكى كومىسسار ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ بىر يىللىق خىزمەت نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلىدۇ، ئۇلار دىنىي ئەركىنلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش ئەھۋالىنى دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن خاتىرىلەيدۇ ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئايرىم سىياسىي تەكلىپلەرنى بېرىدۇ. 2020-يىللىق دوكلات 2019-يىلى 1-ئايدىن 2019-يىلى 12-ئايغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن يۈز بەرگەن بەزى مۇھىم ۋەقەلەرنى تىلغا ئالدۇق. ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، بۇ تور ئادرېسىغا كىرىڭ ياكى ياكى 202-523-3240 نومۇرىنى بېسىپ مەزكۇر كومىتېت بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىڭ.

## مۇھىم بايقاشلار

2019-يىل خىتايدىكى دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالى قاتتىق ناچارلىشىپ كەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت دۆلىتى قۇرۇپ چىقىپ، يۈز تونۇيالايدىغان ئەقلىي ئىقتىدار تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئاز سانلىق مىللەت ئېتىقادچىلىرىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى؛ 4-ئاينىڭ 1-كۈنى، دىنىي سورۇنلاردا قانۇنىي ۋەكىل ۋە كەسپىي بوغالتىر تۇرغۇزۇش نىزامىنى يولغا قويدى. بەزى كىچىك دىنىي سورۇنلار، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى دىنىي سورۇنلاردا بۇ نىزامدىكى تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

بىتەرەپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، شىنجاڭدىكى 1300 دىن ئارتۇق جازا لاگېرىدا 900 مىڭدىن 1 مىليون 800 مىڭغىچە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمانلار قامالغان. ئۇزۇن ساقال قويغان، ھاراق ئىچىشنى رەت قىلغان ياكى ھۆكۈمەتنىڭ نەزەرىدە «دىنىي ئاشقۇنلۇق»نىڭ ئالامىتى دەپ قارالغان ئىشلارنى قىلغانلار لاگېرلارغا سولانغان. ئۇ يەردىن چىققانلار قىيىن-قىستاق، باسقۇنچىلىق، تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە باشقا خورلۇقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يېرىم مىليونغا يېقىن مۇسۇلمان بالا ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 2019-يىلى، لاگېرلاردا مەھبۇسلارنى قايتا تەربىيىلەشتىن چىقىرىپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سالىدىغان ئەھۋال كۆپەيگەن بولۇپ، مەھبۇسلار پاختا ۋە توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان. لاگېرلارنىڭ سىرتىدا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلارنى داۋاملىق مۇسۇلمان ئائىلىلەر بىلەن بىللە تۇرۇشقا ۋە «ئاشقۇن» دىنىي ھەرىكەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە دوكلات قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) ۋە جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھۆكۈمەتلەر مىڭلىغان مەسچىتلەرنى چېقىۋەتكەن ياكى بۇزغان، مۇسۇلمان كارخانىلىرىدىن ئەرەب تىلىدىكى بەلگىلەرنى چىقىرىپ تاشلىغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەت بۇددىزمىنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە باستۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويغان، بۇ سامسارا ئەقىدىسى بويىچە كېيىنكى قېتىم دۇنياغا كېلىدىغان دالاي لاما ۋە زاكۈزۇلارنىڭ باشقا داڭلىق لامالىرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن قانۇنلاردا كۆرسىتىلگەن. دالاي لامانى ئەيىبلەشنى رەت قىلغان راھىبلار ۋە راھىبەلەر بۇتخانىلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، تۈرمىگە تاشلانغان ۋە قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان. 2019-يىلى يازدا، يەرلىك ھۆكۈمەت سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى ياچېن گار تىبەت بۇددا دىنى مەركىزىدىكى مىڭلىغان تۇرالغۇنى چېقىپ، 6000 دىن ئارتۇق راھىب ۋە راھىبەنى ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىغان. 4-ئايدا، ھۆكۈمەت لارۇڭ گار بۇددا دىنى ئاكادېمىيىسىنى تاقاپ، يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى چەكلىگەن. ھۆكۈمەت يەنە دالاي لامانىڭ سۈرىتىنى ساقلىغۇچىلار ۋە كۆرسەتكۈچىلەرگە زەربە بېرىشنى كۈچەيتكەن، دىنىي بايراملارنى داۋاملىق نازارەت قىلغان؛ بەزى رايونلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتىل مەزگىلىدە بايراملارغا قاتنىشىشىنى چەكلىگەن. ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇش سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش نامايىشىدا، 2009-يىلى 2-ئايدىن باشلاپ كەم دېگەندە 156 تىبەتلىك ئۆزىنى كۆيدۈرگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتى 2019-يىلى خېنەن ئۆلكىسىدىكى روك چېركاۋى ۋە بېيجىڭدىكى شوۋاڭ چېركاۋى قاتارلىق يۈزلىگەن پروتېستانت ئۆي چېركاۋلىرىغا بېسىپ كىرگەن ياكى تاقىۋەتكەن. ھۆكۈمەت 2018-يىلى 12-ئايدا قولغا ئېلىنغان «باش يامغۇر ئەھدىنامىسى چېركاۋى»نىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، 2019-يىلى 12-ئايدا سوت مەھكىمىسى پوپ ۋاڭ يىنى «دۆلەتنى ئاغدۇرۇش جىنايىتى» بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا توققۇز يىللىق قاماق جازاسى بەرگەن. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر گو شىجىن ۋە سۈي تەينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېپىسكوپلارنى داۋاملىق پاراكەندە قىلغان ۋە تۇتۇپ تۇرغان، چۈنكى ئۇلار دۆلەت قارمىقىدىكى كاتولىكلار جەمئىيىتىگە قاتنىشىشنى رەت قىلغانىدى. گۇاڭجو شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە يەرلىك ھۆكۈمەت يەر ئاستى چېركاۋلىرىنى مەلۇم قىلغانلارغا نەق پۇل بەرگەن. ئۇندىن باشقا، خىتايدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر چېركاۋلاردىكى كرېستلەرنى ئېلىپ تاشلىغان، 18 ياشتىن تۆۋەن ياشلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى چەكلىگەن، ئىسا مەسىھ ياكى بۈۋى مەريەمنىڭ سۈرىتىنى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ رەسىمىگە ئالماشتۇرغان.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مىڭلىغان فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرى 2019-يىلى مېدىتاسىيون ھەرىكىتىنى مەشىق قىلغانلىقى ياكى فالۇنگۇڭ ھەققىدىكى ئوقۇشلۇقلارنى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان. كىشىلىك ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر فالۇنگۇڭ مەھبۇسلىرىنىڭ ئىچ ئەزالىرىنى ئېلىۋېلىش جىنايىتىنىڭ يەنىلا داۋاملاشقانلىقىغا ئىسپات بەردى. ئۇندىن باشقا، خىتايدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ماخايانا بۇددىست، تويىن ۋە كۇڭزى ھەيكەللىرىنى «قانۇنسىز» دەپ چېقىۋەتكەنلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن خەۋەلەر تارقالغان.

## ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە تەۋسىيە

- جۇڭگو (خىتاي) ھەددىدىن ئاشـــقان ئۇســـۇللار بىلەن داۋاملىق، ســـىســـتېمىلىق ھالدا دىنىي ئەركىنلىكنى دەپســـەندە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قانۇنى (IRFA) بويىچە «مەسىلە ئېغىر دۆلەت» دەپ بېكىتىش كېرەك؛
- دىنىي ئەركىنلىككە ئېغىر دەخلى-تەرۇز قىلىشـــقا مەســـئۇل بولغان خىتاي ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىغا، بولۇپمۇ شـــىنجاڭ كومپارتىيىســـىنىڭ سېكرېتارى چېن چۈەنگو ۋە سابىق سىياسىي قانۇن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشلىقى جۇ خەيلۈن قاتارلىقلارغا مەخسۇس جازا يۈرگۈزۈش، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى توڭلىتىش ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشـــىنى چەكلەش كېرەك. بۇ چەكلىمىنى ئامېرىكىدىكى پۇل-مۇئامىلە ئورگانلىرى ۋە ۋىزا بېرىشـــكە مەسئۇل ئورۇنلار ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە دىنىي ئەركىنلىككە دەخلى-تەرۇز قىلىش جىنايىتىگە ئاساسەن ئىجرا قىلسا بولىدۇ.
- بېيجىڭنىڭ 2022-يىللىق قىشـــلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇســـابىقىســـىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا بولغان ئەندىشـــىســـىنى ئوچۇق بايان قىلىش، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئەركىنلىككە زەربە بېرىش ھەرىكىتى داۋاملاشـــسا، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ مۇســابىقىگە قاتناشــمايدىغانلىقىنى جاكارلاش كېرەك؛ شۇنداقلا
- خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان، خىتاينىڭ دىنىي ئەركىنلىككە دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشـــلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇش مەزمۇنىدىكى ئۇچۇرلارنى چەكلەش ئۈچۈن پىلانلىغان ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش كېرەك.

ئامېرىكا پارلامېنتى تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشى كېرەك:

- 2019-يىلدىكى تىبەت سىياسىتى ۋە تىبەتلەرنى قوللاش قانۇن لايىھەسى (H.R.4331 / S.2539) ۋە خىتايدىكى دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن باشقا قانۇنلارنى قوللاش؛ شۇنداقلا
- ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى (H.R. 6210 / S. 3471) نى قوللاش، شىنجاڭدىن (شەرقىي تۈركىستاندىن) توقۇمىچىلىق، پاختا ۋە باشقا تاۋارلارنى ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش.

### ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ ئۇچۇر مەنبەرلىرى ۋە پائالىيەتلىرى

- دۆلەتنىڭ يېڭىلىنىشى: جۇڭگونىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش رايونىدىكى دىنىي ئەركىنلىك
- ۋېبىنارلار: ۋېبىنار #4: خىتاي
- ئوپ-ئېد: خىتايدىكى دىنىي زىيانكەشلىكلەرگە قارشى تۇرۇش، بىر قىتىم خىلايلىق قىلغۇچى (تاغدا)

### ئارقا كۆرۈنۈش

«ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ دۇنيا ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتى» دىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، جۇڭگودا (خىتايدا) تەخمىنەن 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە بۇددىستلار تەخمىنەن 18 پىرسەنتنى، خىرىستىيانلار 5 پىرسەنتنى، مۇسۇلمانلار 2 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ دۆلەتتىكى تەخمىنەن 70 مىليون خىرىستىياننىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى چېركاۋلارغا - پروتېستانت ئۈچ ئۆزلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە جۇڭگو كاتولىك ۋەتەنپەرۋەرلىك جەمئىيىتىگە قاتنىشىشنى رەت قىلىدۇ، ئەكسىچە يەر ئاستى ئۆي چېركاۋلىرىدا دۇئا قىلىدۇ. باشقا مۇھىم دىنىي ئەنئەنىلەر فالۇنگۇڭ، تويىن ۋە ئەنئەنىۋى خەلق ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كومپارتىيىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى چەكلەش تارىخى ئۇزۇن بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىنغا بولغان دۈشمەنلىشىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنى، تىبەت بۇددىزمى ۋە خىرىستىيان دىنىنى «جەتئەل»نىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى باشلىغان. 2018-يىللىق «يېڭى دىنىي ئىشلار نىزامى» دا ئاتالمىش قانۇنسىز دىنىي ئوقۇتۇش ئۇنۇملۇك چەكلەنگەن ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى كونترول قىلىش ھوقۇقى كېڭەيتىلگەن. خىتاي جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 300-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، فالۇنگۇڭغا ئوخشاش بەزى تەرىقەت مۇرىتلىرىغا ئۈچ يىلدىن يەتتە يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

### شياڭگاڭ

2019-يىلى 6-ئايدا، بىر مىليوندىن ئارتۇق شياڭگاڭ ئاھالىسى نامايىش قىلىپ، شياڭگاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايى جاۋابكارلارنى خىتاي

چوڭ قۇرۇلۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىگە رۇخسەت قىلىدىغان قانۇن لايىھىسىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن. گەرچە نامايىشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسى بولمىسىمۇ، بىر قىسىم چېركاۋ رەھبەرلىرى نامايىشقا قاتناشقان، دىنىي ئەركىنلىك پائالىيەتچىلىرى خىتاينىڭ ئۆچ ئېلىشتىن قورقماي بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك تەشەببۇسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن. شياڭگاڭ ھۆكۈمىتى ئۆكتەبىردە بۇ قانۇن لايىھىسىنى قايتۇرۇۋالغان، ئەمما نامايىش دوكلات مۇددىتى توشقىچە داۋاملاشقان.

## خەلقئارالىق ئىنكاس ۋە تەشۋىقات

2019-يىلدا جۇڭگونىڭ (خىتاينىڭ) دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرۇشى خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇ يىل 7-ئايدا، ياۋروپادىكى 22 دۆلەت، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە ياپونىيە بىرلىكتە مەكتۇپ ئىمزالاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى (HRC) گە ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ خىتاينى ئەيىبلىدى. ئۆكتەبىردە، بۇ دۆلەتلەر شۇنداقلا ئامېرىكا ب د ت نىڭ ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىغا شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) ھەققىدە بايانات بەردى. نويابىردا، ب د ت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى شىنجاڭدا «ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى باستۇرۇش خەۋپىگە سەل قارىغانلىقى بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. نويابىردا يەنە دۇنيا بانكىسى شىنجاڭدىكى كەسپىي تەربىيلەش تۈرىگە ئاجرىتىلغان مەبلەغنى 50 مىليون دوللار ئازايتتى، چۈنكى بىر قىسىم مەبلەغلەر ساقچى كالتەكلىرى ۋە ياش ئاققۇزۇش بومبىسى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگەن. قانداقلا بولمىسۇن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم ھۆكۈمەتلەرنى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى تەنقىد قىلىشتىن توسۇپ قويىدى. خىتاي يەنە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ۋە ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىغا 50 كە يېقىن ھۆكۈمەت ئىمزا قويغان مەكتۇپلارنى سۇندى. 3-ئايدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ ئۆز ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى «ماختىدى».

## ئامېرىكىنىڭ مۇھىم سىياسىتى

2019-يىلى ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ  مۇناسىۋىتى سودا ئۇرۇشى ۋە خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىد سېلىشى تۈپەيلىدىن جىددىيلىشىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جۇڭگودىكى دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالىنىڭ ناچارلاشقانلىقىنى داۋاملىق ئەيىبلىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى 2018-يىللىق خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىدا شىنجاڭ ھەققىدە ئايرىم بىر بۆلەك قوشتى. 4-ئايدا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تېررىي برانستاد تىبەتنى زىيارەت قىلىپ، خىتاي رەھبەرلىرىنى دالاي لاما بىلەن «ھالقىلىق سۆھبەت» ئۆتكۈزۈشكە چاقىردى. 7-ئاينىڭ 17-كۈنى، دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ ئىككىنچى كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن، پرېزىدېنت دونالد ترامپ خىتايدىن كەلگەن دىنىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۆكتەبىردە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى 28 جۇڭگو شىركىتى ۋە ئورگانغا مال ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىدى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشقا چېتىشلىق جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا چەكلىمىسىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى خوتەن تەيدا كىيىم-كېچەك چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان كىيىم-كېچەكلەرنى شىنجاڭدىكى مەجبۇرىيەت ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتى دەپ بېكىتىپ، تاموژنىدا تۇتۇپ قېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 2019-يىلغا قەدەر، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئامېرىكا خەلقئارا تەرەققىيات ئورگىنى (USAID) ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى جۇڭگودىكى دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى داۋاملىق مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى. 12-ئاينىڭ 18-كۈنى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خىتاينى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدىكى «مەسىلىسى ئېغىر دۆلەت» دەپ بېكىتىپ، «تاشقى مۇناسىۋەت ھوقۇقى قانۇن لايىھەسى» (1990-ۋە 1991-يىللىرى) گە ئاساسەن، ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ جۇڭگوغا بەزى ئۈسكۈنىلەرنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش سىياستىنى قايتا يولغا قويدى.

پارلامېنت ئەزالىرى 2019-يىلى خىتاينىڭ دىنىي ئەركىنلىككە زەربە بەرگەنلىكىنى داۋاملىق تەنقىد قىلدى. قۇرۇلتاي-ئىجرائىيە كومىتېتى خىتاينىڭ 2019-يىللىق يىللىق دوكلاتىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنىشى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتتى. 12-ئايدا، ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى ئۇيغۇر قانۇن لايىھەسى بىلەن دۇنيا ئىنسانپەرۋەرلىك بىرلىكى قانۇن لايىھەسى (S.178) نىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىسىنى- تولۇق بىرلەشمىگەن نۇسخىسىنى ماقۇللىدى.  بۇ قانۇن لايىھەسىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئېغىر زىيانكەشلىكلەرگە جاۋابكار خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزۈشى تەلەپ قىلىنغان. 9-ئايدا، ھەر ئىككى پالاتادىكى قانۇن چىقارغۇچىلار تىبەت سىياستى ۋە تىبەتلەرنى قوللاش قانۇن لايىھەسىنى (S.2539/ H.R.4331) نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قانۇن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە دالاي لامانىڭ ۋارىسىنى ئېتىراپ قىلىش ئىشلىرىغا ئارىلاشقان خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزۈش ھوقۇقى بېرىدۇ. 2020-يىلى 1-ئايدا، دوكلات بېرىش مۇددىتىنىڭ سىرتىدا، ئاۋام پالاتاسى بۇ قانۇن لايىھىسىنى ماقۇللىدى. 7-ئايدا، ۋەكىل ۋىكى خارتزلېر (R-MO) قارار چىقىرىپ، خىتايدىكى خىرىستىيانلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئەيىبلىدى (H.Res. 493). بۇنىڭدىن باشقا، قانۇن چىقارغۇچىلار ئامېرىكا

ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا بانكىسىنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن قەرزىگە قارشى تۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان قانۇن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى (S.3018)، چۈنكى ئۇنىڭ دىنىي ئەركىنلىك دەپسەندىچىلىكى بار. ئەمما دوكلاتنىڭ مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن بۇ تەدبىر قوللاشقا ئېرىشەلمىدى.

## كومىسسار تېنزىن دورجېنىڭ كۆز قاراشلىرى

دىنىي ئەركىنلىككە دەخلى-تەرۇز قىلىش مەسىلىسىدە خىتاي «مەسىلىسى ئېغىر دۆلەت» دەپ قارىلىدۇ. مىليونلىغان ئۇيغۇرلار جازا لاگېرلىرىدا قاماقلىق. ئەڭ يېڭى «ئەركىنلىك ئۆيى دوكلاتى»غا قارىغاندا، شىزاڭ دىنىي ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى جەھەتتە سۈرىيىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، تىبەتنىڭ ۋەزىيىتى چاۋشيەنگە قارىغاندا ناچار بولۇپ، ھېچقانداق خەلقئارالىق تاراتقۇ تىبەتكە كىرەلمىگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنى قول قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى ئىشلىتىپ، DNA ۋە نوپۇس ئۇچۇرلىرىنى توپلاپ، دىنىي ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى چەكلەيدۇ. ھەتتا بالىلارنىڭ ئانا تىل ۋە دىنىنى ئۆگىنىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مەن ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ئىككى پارتىيەنىڭ جۇڭگودىكى دىنىي ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ھەل قىلىش تىرىشچانلىقىنى ئالقىشلايمەن. پانچېن لاما گېدۇن چويكىي نىيمانىڭ 25 يىلدىن بۇيان مەجبۇرىي غايىب بولۇشى ۋە خىتاينىڭ دالاي لامانىڭ سىياسىي كۆن تەرتىپى ئۈچۈن كېيىنكى«تۇغۇلۇشى»نى ئېتىراپ قىلىشقا ئارىلىشىشىنى قاتتىق ئەيىبلەش ۋە قارشى تەدبىر قوللىنىش كېرەك. ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ تىبەتنى قوللاش قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىغانلىقىغا رەھمەت. مەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قانۇن لايىھەسىنى يولغا قويۇشىنى، شىزاڭنىڭ ماسلاشتۇرغۇچىسىنى دەرھال تەيىنلەپ، زوراۋانلىقنى تۈگىتىپ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، تىبەت مەركىزىي ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا پارلامېنتى تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇرا يول سىياستى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان خىتاي-تىبەت دىيالوگىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. ھازىر ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ تىبەت ۋە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سىستېمىلىق، داۋاملىق يۈرگۈزۈلىۋاتقان ۋە ھەددىدىن ئاشقان» دىنىي ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان پەيتى يېتىپ كەلدى.

## كومىسسار جوھاننى مورنىڭ كۆز قاراشلىرى

خىتاينىڭ دۇنيادىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دىنىي ئەركىنلىكنى دەپسەندە قىلىشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئۇنى دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق دۆلەت بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ جىنايەتلىرى ئاقلىغىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ شۇ خىل ھەرىكەتلىرىگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ياردەم بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارا جەمئىيەت ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، خىتاينىڭ خەلقئارا سەھنىلەردە، بولۇپمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئۆز قائىدىسى بويىچە ئۇستىلىق قىلىشىغا يول قويدى. بۇنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ، خىتاينىڭ رەزىللىكىگە سەل قارايدىغان دۆلەتلەر ئاخىرىدا خىتايغا بويسۇنۇشى مۇمكىن. دۇنياۋى ئورگانلىرىمىز، دېموكراتىك دۆلەتلىرىمىزنىڭ خىتايدىن تېخىمۇ كۆپ ھېساب ئالىدىغان ۋاقتى كەلدى.